شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كورلا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ

# جىنايى ئىشلار ھۆكۈمنامىسى

(2019)ش 2801 ج، د 312-نومۇرلوق

ئەيىپلىگۈچى ئورگان كورلا شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى

1. جاۋاپكار مىلىكىزات مەمەت، ئايال، ئۇيغۇر، 1984-يىلى 6-ئاينىڭ 29-كۈنى تۇغۇلغان.كىملىك نومۇرى: 652801198406290044، باشلانغۇچ مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە، دىھقان، نۇپۇس تۇرۇشلۇق ئورنى كورلا شەھەر چىلانباغ كوچىسى 394-نومۇر، تۇتۇلۇشتىن بۇرۇنقى تۇرۇشلۇق ئورنى: كورلا شەھەر يىڭى 40-ئولتۇراق رايونى 10-بىنا 1-كورپۇس 102-نومۇرلۇق ئۆي. 2018-يىلى 7-ئاينىڭ 9-كۈنى كورلا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن قانات ئاستىغا ئېلىش جىنايىتى بىلەن مۇددەتلىك توققۇز يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. جاۋابكار ھازىر كورلا شەھەرلىك قاماقخانىدا قاماقتا.

2. جاۋابكار بوستان ئىبرايىم (ئۆزگەرتكەن ئىسمى گۈلبوستان), ئايال، ئۇيغۇر، 1988-يىلى 11-ئاينىڭ 19-كۈنى تۇغۇلغان. كىملىك نومۇرى: 652801198811190522، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە، نۇپۇس تۇرۇشلۇق ئورنى: شىنجاڭ كورلا شەھەر تارىم نېفىت غەربىي يولى 27- نومۇر چىلىك گۆلۈك ئۆۋشى مەھەللىسى 4-بىنا 2-ئىشىك 202-نومۇرلۇق ئۆي، تۇتۇلۇشتىن بۇرۇنقى تۇرۇشلۇق ئورنى: شىنجاڭ كورلا شەھەر دۇگفاڭ 3 -ئولتۇراق رايونى 1-بىنا 3-كورپۇس 502-نومۇرلۇق ئۆي. مۇقۇم كەسپى يوق. 2019-يىل 2-ئايىنىڭ 24- كۈنى كورلا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى تەرىپىدىن مىللى ئۆچمەنلىككە، مىللى كەمسىتىشكە قۇتىراتقۇلۇق قىلىش گۇمانى بىلەن جىنايى ئىشلار بويىچە توختۇتۇلغان. كورلا شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى 2019-يىلى 3-ئاينىڭ 9-كۈنى مىللىي ئۆچمەنلىككە، مىللىي كەمسىتىشكە قۇتىراتقۇلىق قىلىش جىنايىتى توپلىشىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىشنى تەستىقلىغان. كورلا شەھەرلىك چ خ ئىدارىسى ئۇ كۈنى قولغا ئېلىشنى ئىجرا قىلغان.

3. جاۋابكار خەلچەم پازىل. ئايال. ئۇيغۇر.1944-يىلى 1-ئاينىڭ 10-كۈنى تۇغۇلغان. كىملىك نومۇرى: 652801194401100020، باشلانغۇچ مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە. نۇپۇس تۇرۇشلۇق ئورنى: كورلا شەھەرچىلانباغ كوچا 394-نومۇر، تۇتۇلۇشتىن بۇرۇنقى تۇرۇشلۇق ئورنى: كورلا شەھەر 40-ئولتۇراق..........................

TYPED COPY

page missing

TYPED COPY

مەمەتلەر بىر نەچچە خىل جىنايەت سادىر قىلغان بولۇپ « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ 69-ماددىسىنىڭ بەلگىمىسى بويىچە قوشۇپ جازالاش شەرتىگە ئۇيغۇن دەپ بىكىتىپ دەلىل -ئىسپات كۆرسۈتۈپ، مەھكىمىمىزنىڭ جاۋابكارغا  قانۇن بويىچە ھۆكۈم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

سوتتا بوستان ئىبراھىم تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەيىپلەشنامىسىدا ئۆزى ئۈستىدە بىكىتكەن جىنايى پاكىتقا قارىتا:«مېنىڭ باشقىلار بىلەن تەبلىق ئاڭلىغىنىم راست، لېكىن مېنىڭ ئۆيۈمدە تەبلىق سورۇنى بولۇپ باقمىغان» دىگەن ئاقلاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

جاۋاپكار مىلىكىزات مەمەت، خەلچەم پازىل، زاھىرە مەمەت، پاتىگۈل مەمەتلەر تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەيىپلەشنامىسىدا ئۆزى ئۈستىدە بىكىتكەن جىنايى پاكىتقا قارىتا باشقىچە پىكىردە بولمىدى. مۇشۇ قىلمىشنى سادىر قىلغىنىم راست دەپ جىنايىتىگە ئىقرار بولۇش بىلەن بىرگە جىنايەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل -ئىسپاتلارنىمۇ ئېتىراپ قىلدى.

جاۋابكار پاتىگۈل مەمەتنىڭ ئاقلىغۇچىسى:« تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ جاۋابكار ئۈستىدىن بېكىتكەن جىنايەت پاكىتى ۋە جىنايەت خارەكتىرىگە باشقا پىكرىم يوق. لېكىن جاۋابكارغا جازا ئۆلچىگەندە تۆۋەندىكى تەرەپلەرنى ئويلىشىپ يىنىك ياكى يىنىكلىتىپ جازا بېرىشىنى ئۇمۇت قىلىمەن. جاۋابكار پاتىگۇل مەمەت تۈنجى قېتىم سادىر قىلغان. باشقىلارنىڭ ناچار ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قانۇنسىز تەبلىق سورۇنىغا قاتنىشىپ بۇ جىنايەتنى سادىر قىلغان. جاۋابكارپاتىگۇل مەمەت دېلو سادىر قىلغاندىن كيين جىنايى قىلمىشىنى راستچىللىق بىلەن تولۇق ئىقرار قىلغان, جىنايىتىنى تونۇش پوزىتىيىسى ياخشى، قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلغان. » دىگەن ئاقلاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

سوت قىلىپ ئېنىقلىشىمىزچە:

1) 2013-يىلى 5-ئاي مەزگىلىدە. جاۋابكار مىلىكىزات مەمەت. بوستان  ئىبراھىم. خەلچەم پازىل،  زاھىرە مەمەت، پاتىگۈل مەمەت قاتارلىقلار خەلچىگۈل مەمەتنىڭ (چەتئەلگە قىچىپ كەتكەن) تەبلىغىنى ئاڭلاش ئۈچۈن جاۋابكار مىلىكىزات مەمەتنىڭ كورلا شەھەر قوشئىرىق يېزىسىدىكى ئۆيى،  جاۋابكار بوستان ئىبراھىمنىڭ كورلا شەھەر 27- ئولتۇراق رايۇنىدىكى ئۆيى،  جاۋابكار خەلچەم پازىلنىڭ كورلا شەھەر كونا بازىردىكى « قىرىنداشلار مىھمانخانىسى» نىڭ 2- قەۋەتتىكى ئۆيى، قەدىرىيە مەمەتنىڭ (ئايرىم بىر تەرەپ قىلىنىدۇ) كورلا شەھەر 36-ئولتۇراق رايۇنىدىكى ئۆيى قاتارلىق جايلارغا يىغىلىپ خەلچىگۈل مەمەتنىڭ « ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىگىگە ئىشىنىش,ناماز ئۇقۇش، جەننەت - دوزاق، ئايالارنىڭ ھىجاپلىنىشى» توغرىسىدىكى ئەسەبىي مەزمۇندا سۆزلىگەن تەبلىغىنى كۆپ قىتىم ئاڭلىغان.

2) جاۋابكار زاھىرە مەمەت ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىدە، كەنت كادىرلىرى كۆپ قىتىم تەربىيە قىلغان بولسىمۇ، تەربىيەنى قۇبۇل قىلماي، 2010-يىلى 5-ئايدىن 2015-يىلى 5-

TYPED COPY

ئايغىچە ئۇزۇن كىيىنىپ، يۈزىنى ئېتىپ ھىجاپلىنىپ يۈرگەن، ھەمدە دۆلىتىمىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپ ھالدا 2015-يىلى1-ئاينىڭ 21-كۈنى پىلاندىن سىرىت بىر پەرزەنتلىك بولغان.

جاۋاپكار مىلىكىزات مەمەت. بوستان ئىبرايىم، خەلچەم پازىل، زاھىرە مەمەتلەر بىر نەچچە جىنايەت سادىر قىلغان. جاۋاپكار مىلىكىزات مەمەت ئىلگىرى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ جازالىنىپ، ئىلگىرىكى ھۆكۈمگە كىرگۈزۈلمىگەن يېڭى جىنايىتى بايقالغان.

يۇقارقى جىنايى پاكىتلارنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل-ئىسپاتلاردىن:

1) دېلو قوبۇل قىلىش جەدۋىلى ۋە دېلو تۇرغۇزۇش قارارنامىسى - كورلا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى دۆلەت ئىچى بىخەتەرلىكىنى قوغداش چوڭ ئەترىتى خادىملىرىنىڭ خىزمەت جەريانىدا تەكشۈرۈش ئارقىلىق جاۋابكارنىڭ جىنايى قىلمىشىنى ئېنىقلىپ چىققانلىقى ھەمدە بۇ توغرىسىدا دېلو تۇرغۇزۇلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

2) دېلونىڭ پاش بولۇش جەريانى - جاۋابكارنىڭ سادىر قىلغان جىنايى قىلمىشى. مەزكۈر دېلونىڭ تەھقىقلىنىش، پاش قىلىنىش جەريانىنى، جاۋابكارنىڭ تۇتۇلۇش جەريانىنى ئىسپاتلايدۇ.

3) نوپوس ئىسپاتى- دېلودىكى گۇۋاھچىلارنىڭ سالاھىيتى. جاۋاپكارنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى، دېلو سادىر قىلغاندا جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتە قىلىش يېشىغا توشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

4) گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقى - دېلودىكى گۇۋاھچى ئايشەم مەمەتنىڭ گۇۋاھلىقى جاۋاپكار مىلىكىزات مەمەت، خەلچەم پازىل، زاھىرە مەمەت. پاتىگۇل مەمەتلەرنىڭ باشقىلار سۆزلىگەن دىنىنى ئەسەبىلىكنى تەرغىب قىلىدىغان قانۇنسىز تەبلىقلەرنى توپلۇشۇپ ئاڭلىغانلىقى، جاۋاپكار مىلىكىزات مەمەت، بوستان ئىبرايىم، خەلچەم پازىللارنىڭ باشقىلارنىڭ دىنىنى ئەسەبىلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان قانۇنسىزتەبلىقلەرنى سۆزلىشى ئۈچۈن سورۇن ھازىرلاپ بەرگەنلىكىنى، جىنايەت سادىر قىلغان ۋاقتى، ئورنى، جەريانى قاتارلىق دېلونىڭ پاكىتىنى ئىسپاتلايدۇ.

گۇۋاھچى ئىXX، گۈXXلەرنىڭ گۇۋاھلىقى جاۋاپكار زاھىرە مەمەتنىڭ دىنى ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىدە يۈزىنى يېپىپ ھىجابلانغان، ئۇزۇن كىيىنىپ يۈرگەنلىكىنى، ئالاقىدار خىزمەتچى كادىرلارنىڭ قىلمىشىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا تەنقىدى خىزمەت ئىشلىگەنلىگىنى، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، پىلاندىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

5) تونۇتۇش خاتىرسى ۋە سۈرەتلىرى - جاۋاپكار مىلىكىزات مەمەت، زاھىرە مەمەت، پاتىگۇل مەمەتلەرلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ باش سۈرىتىدىن ئۆزلىرى بىلەن بىللە

TYPED COPY

قانۇنسىز تەبلىق سورۇنىغا قاتناشقان ۋە سورۇن بىلەن تەمىنلىگەن جاۋابكار بوستان ئىبرايىمنى تۇنۇتۇپ مۇقىملاشتۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

6) كورلا شەھەر قارىيۇلغۇن يېزا قارىيۇلغۇن كەنىت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئىسپاتلىقى - جاۋاپكار زاھىرە مەمەتنىڭ دىنى ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىدە، يۈزىنى يېپىپ ھىجابلانغان، ئۈزۈن كىيىنىپ يۈرگەنلىكىنى ئالاقىدار خىزمەتچى كادىرلارنىڭ قىلمىشىنى تۈزۈتۈش توغۇرلۇق كۆپ قېتىم تەنقىدى خىزمەت ئىشلىگەنلىگىنى ئىسپاتلايدۇ.

7) كورلا شەھەر پىلانلىق تۇغۇت باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئىسپاتلىقى - جاۋابكار زاھىرە مەمەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، پىلاندىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

8) جاۋابكارلارنىڭ ئىقرارى-جاۋاپكار مىلىكىزات مەمەت، بوستان ئىبرايىم، خەلچەم پازىل، زاھىرە مەمەت، پاتىگۈل مەمەتلەر ج خ سوراقتىكى ئىقرارىدا ۋە سوتتىكى بايانىدا ئۆزلىرىنىڭ يۇقارقى پاكىتلاردا بېكىتىلگەن جىنايى قىلمىشنى سادىر

قىلغانلىقىغا تولۇق ئىقرار بولۇپ، جاۋابكارلارنىڭ ئىقرارى ئۆز ئارا بىر بىرىگە ماس كېلىدۇ. بۇ ئارقىلىق جاۋابكارنىڭ يۇقىرىدا بېكىتىلگەن جىنايەتنى سادىر قىلغانلىقى، دىلو سادىر قىلغان ۋاقتى، ئورنى، جەريانى قاتارلىقلارنى ئىسپاتلايدۇ.

9) ھۆكۈمنامە - مەھكىمىمىزنىڭ (2018) ش2801. ج، د 690 -نومۇرلوق جىنايى ئىشلار ھۆكۈمنامىسى جاۋاپكار مىلىكىزات مەمەتنىڭ ئىلگىرى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ جازالىنىپ، بۇ قېتىمقى جىنايىتىنىڭ ئىلگىرىكى ھۆكۈمگە كىرگۈزۈلمىكەن يېڭى جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

سوتتا تەكشۈرۈش يۈزلەشتۈرۈش ئارقىلىق يۇقارقى دەلىل -ئىسپاتلارنىڭ شەكلى ۋە كىلىش مەنبىيى قانۇنلۇق، مەزمۇنى ھەقىقىي، مەزكۇر دىلۇ بىلەن باغلىنىشلىقى بار، دىلۇ ئەھۋالىنى ئەكىس ئەتتۈرۈپ بېرىپ، جاۋابكارغا جىنايەت بېكىتىشتىكى دەلىل -ئىسپات بولالايدۇ. شۇڭا بۇ دەلىل-ئىسپاتلار مەھكىمىمىز تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى.

مەھكىمىمىز مۇنداق قارىدى:

جاۋابكار مىلىكىزات مەمەت، بوستان ئىبراھىم، خەلچەم پازىل باشقىلارنىڭ ئەسەبىلىكىنى تەرغىب قىلىدىغان قانۇنسىز تەبلىغ سۆزلىشى ئۈچۈن سورۇن ھازىرلاپ بەرگەن قىلمىشىدىن مىللى ئۆچمەنلىككە، مىللى كەمسىتىشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىش جىنايىتى شەكىللىنىدۇ. جاۋاپكار مىلىكىزات مەمەت، بوستان ئىبراھىم، خەلچەم پازىل، زاھىرە مەمەت. پاتىگۇل مەمەت قاتارلىقلار يىغىلىپ باشقىلار سۆزلىگەن ئەسەبىي مەزمۇندىكى تەبلىقنى كۆپ قېتىم بىرگە ئاڭلىغان قىلمىشىدىن توپلىشىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش جىنايىتى شەكىللىنىدۇ. جاۋابكار زاھىرە مەمەتنىڭ دىنى ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىدە، يۈزىنى يېپىپ ھىجابلىنىپ،

TYPED COPY

ئالاقىدار خىزمەتچى كادىرلار كۆپ قېتىم تەنقىد تەربىيە قىلىپ خىزمەت ئىشلىسىمۇ، قىلمىشىنى ۋاقتىدا تۈزەتمەي، جەمىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلغان قىلمىشىدىن ئۆكتەملىك قىلىپ چاتاق چىقىرىش جىنايىتى شەكىللىنىدۇ. جاۋابكار زاھىرە مەمەتنىڭ دىنى ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىدە، دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى بىلىپ تۇرۇپ، پىلانلىق تۇغۇت تۈزۈملىرىگە قەستەن خىلاپلىق قىلىپ، پىلاندىن سىرىت پەرزەنتلىك بولغان قىلمىشىدىن خوراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ قانۇننىڭ يۈرگۈزۈلىشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى شەكىللىنىدۇ. جاۋابكار بوستان ئىبرايىمنىڭ:«مېنىڭ باشقىلار بىلەن تەبلىق ئاڭلىغىنىم راست. لېكىن مېنىڭ ئۆيۈمدە تەبلىق سورۇنى بۇلۇپ باقمىغان» دىگەن ئاقلاش پىكرىگە قارىتا دىلودىكى باشقا جاۋابكارلارنىڭ ئىقرارى، تونۇتۇش خاتىرسى قاتارلىق دەلىل -ئىسپاتلار جاۋابكار بوستان ئىبراھىمنىڭ قانۇسىز تەبلىق سورۇنىغا قاتناشقان، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە سورۇن بىلەن تەمىنلىگەن قىلمىشىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا جاۋابكار بوستان ئىبراھىمنىڭ يۇقارقى ئاقلاش پىكرىنى مەھكىمىمىز قوللىمايد. جاۋابكارلارنىڭ جىنايى قىلمىشىنىڭ پاكىتى ئېنىق . دەلىل -ئىسپاتى تولۇق. تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ جاۋابكار ئۈستىدە بېكىتكەن جىنابى پاكىتى پۈت تىرەپ تۇرالايدۇ. جاۋاپكارغا جىنايى جازا بېرىش كېرەك. جاۋاپكار مىلىكىزات مەمەت، بوستان ئىبرايىم، خەلچەم پازىل، زاھىرە مەمەت، بىر نەچچە خىل جىنابەت سادىر قىلغان، جاۋاپكار مىلىكىزات مەمەتنىڭ ئىلگىرى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ جازالىنىپ، ئىلگىرىكى ھۆكۈمگە كىرگۈزۈلمىگەن يېڭى جىنايىتى بايقالغان، قانۇن بويىچە بىرنەچچە خىل جىنايىتىنى قوشۇپ جازالاش كېرەك. شۇڭا جاۋابكارلارغا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 249-ماددىسى، 290-ماددىسى، 293-ماددىسى، 300-ماددىسى، 54-ماددىسى، 55 -ماددىسى، 56-ماددىسى، 61 -ماددىسى، 69-ماددىسى، 70 -ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە تۆۋەندىكىچە ھۆكۈم قىلىندى:

1. جاۋاپكار مىلىكىزات مەمەتنىڭ مىللى ئۆچمەنلىك, مىللى كەمسىتىشكە قۇتراقۇلۇق قىلىش جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك ئون يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، سىياسى ھوقۇقىدىن بەش يىل مەھرۇم قىلىندى، توپلىشىپ جەمىيەت تەرتىۋېنى قالايمىقانلاشتۇرۇش جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك يەتتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، سىياسى ھوقۇقىدىن ئىككى يىل مەھرۇم قىلىندى، ئىلگىرىكى قانات ئاستىغا ئېلىش جىنايىتى ئۈچۈن بېرىلگەن مۇددەتلىك توققۇز يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جازاسىنى قوشۇپ جازالاپ ئەمىلىي ئىجرا قىلىندىغان جازا مۇددەتلىك يىگىرمە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، سىياسى ھوقۇقىدىن بەش يىل مەھرۇم قىلىندى.

2. جاۋاپكار بوستان ئىبراھىمنىڭ مىللى ئۆچمەنلىك، مىللى كەمسىتىشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىش جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك ئون يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، سىياسى ھوقۇقىدىن بەش يىل مەھرۇم قىلىندى، توپلىشىپ جەمىيەت تەرتىۋېنى قالايىقانلاشتۇرۇش

TYPED COPY

جىنايىتى ئۆچۈن مۇددەتلىك يەتتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، قوشۇپ جازالاپ ئەمىلىي ئىجرا قىلىندىغان جازا مۇددەتلىك ئون يەتتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، سىياسى ھوقۇقىدىن بەش يىل مەھرۇم قىلىندى.

3. جاۋاپكار خەلچەم پازىلنىڭ مىللى ئۆچمەنلىكى، مىللى كەمسىتىشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىش جىنايىتى ئۆچۈن مۇددەتلىك ئون يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. سىياسى ھوقۇقىدىن بەش يىل مەھرۇم قىلىندى، توپلىشىپ جەمىيەت تەرتىۋىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش جىنايىتى ئۆچۈن مۇددەتلىك بەتتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، قوشۇپ جازالاپ ئەمىلىي ئىجرا قىلىندىغان جازا مۇددەتلىك ئون يەتتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. سىياسى ھوقۇقىدىن بەش يىل مەھرۇم قىلىندى.

4. جاۋاپكار زاھىرە مەمەتنىڭ توپلىشىپ جەمىيەت تەرتىۋىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش جىنايىتى ئۆچۈن مۇددەتلىك يەتتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، سىياسى ھوقۇقىدىن ئىككى يىل مەھرۇم قىلىندى، ئۆكتەملىك قىلىپ چاتاق چىقىرىش جىنايىتى ئۆچۈن مۇددەتلىك بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، سىياسى ھوقۇقىدىن بىر يىل مەھرۇم قىلىندى، خوراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ قانۇننىڭ يۈزگۈزىلىشگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىنى ئۆچۈن مۇددەتلىك ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، قوشۇپ جازالاپ ئەمىلىي ئىجرا قىلىندىغان جازا مۇددەتلىك ئون بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، سىياسى ھوقۇقىدىن ئۈچ يىل مەھرۇم قىلىندى.

5. جاۋاپكار پاتىگۈل مەمەتنىڭ توپلىشىپ جەمىيەت تەرتىۋىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش جىنايىتى ئۆچۈن مۇددەتلىك يەتتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. سىياسى ھوقۇقىدىن ئىككىنىيىل مەھرۇم قىلىندى.

(جازا مۇددىتى ھۆكۈم ئىجرا قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ، ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىشتىن ئىلگىرى قاماپ تۇرۇلغان بولسا بىر كۈن جازا مۇددىتىنىڭ بىر كۈنگە سۇندۇرىلىدۇ. يەنى:

(1) جاۋاپكار مىلىكزات مەمەتنىڭ جازا مۇددىتى 2017-يىلى 9-ئينىڭ 15-كۈنىدىن، 2037-يىلى 9-ئاينىڭ 14-كۈنىگىچە بۇلىدۇ؛

(2) جاۋاپكار بوستان ئىبراھىمنىڭ جازا مۇددىتى 2019-يىل 2-ئايىنىڭ24-كۈنىدىن، 2036-يىلى 2-ئاينىڭ 23-كۈنىگىچە بۇلىدۇ؛

(3) جاۋاپكار خەلچەم پازىلنىڭ جازا مۇددىتى ھۆكۈم ئىجرا قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ؛

(4) جاۋاپكار زاھىرە مەمەتنىڭ جازا مۇددىتى 2019-يىل 2-ئايىنىڭ23-كۈنىدىن، 2034-يىلى 2-ئاينىڭ 22-كۈنىگىچە بولىدۇ؛

TYPED COPY

(5) جاۋاپكار پاتىگۈل مەمەتتىنىڭ جازا مۇددىتى 2019-يىلى 2-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن، 2026-يىلى 2-ئاينىڭ 22-كۈنىگىچە بولىدۇ ؛

ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە قايىل بولمىسا ھۆكۈمنامىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ 10 كۈن ئىچىدە مەھكىمىز ئارقىلىق ياكى بىۋاستە بايىنغۇلىن مۇڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئارازىلىق ئەرىز بەرسە بولىدۇ. يازما نارازىلىق ئەرىز بەرگەندە ئەرىز ۋە ئۇنىڭ كۆچۈرۈلمىسىدىن ئىككى نۇسقا تاپشۇرۇلىشى كېرەك.

باش سوتچى : شىرئەلى مەمەت

سوتچى : ئەخمەتجان قۇربان

سوتچى : ئىبادەت ياسىن

2019 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى

پۈتۈكچى : دىلمۇرات پەرھات

TYPED COPY